2014

# ئىسلام دىنى ھەققىدە

# قىسقىچە سوئال-جاۋاب

ياۋروپا ئۇيغۇر نەشرىياتى

# بِسْمِ اللهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيم

بىزنى يوقتىن بارقىلىپ ھايات سەھنىسىدە ئىنسان بولۇش شەرىپىگە نائىل قىلغان ئۇلۇغ ئاللاھقا چەكسىز مەدھىيىلەر بولسۇن!

ئىنسانلىقنى قاراڭغۇ- زۇلمەتلەردىن يورۇقلۇققا يېتەكلىگۈچى پەيغەمبەرلەرگە ۋە بولۇپمۇ ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا سالاملار بولسۇن!

قولىمىزدىكى بۇ كىچىككىنە رىسالە ئىسلام دىنى ھەققىدە دەسلەپكى نېگىزلىق سوئاللارنى خۇلاسىلەپ تۈزۈلدى. ئوقۇرمەنلەرنىڭ پايدىلىنىپ قىلىشىنى

ئۈمىت قىلىمەن. سەۋىيەمنىڭ چەكلىك بولغانلىقى تۈپەيلى سەۋەنلىكلەرنىڭ بولۇشى تۇرغان گەپ.كەڭ كىتابخانلارنىڭ تەنقىدى پىكىرلىرىنى ئايىماسلىغىنى سورايمەن.


ھۆرمەت بىلەن ھەيتاخۇن مەمتىمىن

2014،يىلى فىنلاندىيە – خېلسىنكى

ئالاقە:heytahun@hotmail.fi

1. س : ” مەن مۇسـﯘلمان “دېـﮕەن سـۆز نېمەئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ؟

ج : ئـاللاھنى بىلـش، قۇرئـان كەرىـم ۋە مـۇھەممەد ئەلەيھىسسـالامغا چـن پۈتـۈپ ئاللاھقا بويسۇنۇش دېگەنلىكتۇر.

2. س: سـز قاچانـدىن بۇيـان مۇسـۇلمان ئىدىڭىز ؟

ج: ”بەلا“ (ھەئە) دېـﮕەن ۋاقتـتىن بۇيان مۇسۇلمان ئىدىم.

3. س: ”بەلا“ (ھەئە) دېـﮕەن ۋاقـت قاچان ئىدى ؟

ج: ئـاللىبۇرۇن ئېلىنغـان ۋەدىـﮕە قارىتـا بېـرىلگەن جـاۋاب بولـۇپ،

ئاللاھۇتەئالا روھىمىزنى ياراتقان چاغدا ئۇلارغا قارىتا “مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلار ئەمەسمۇ؟” دەپ سورىغاندا، روھىمىز ھەئە (بەلا) يارەببى دەپ جاۋاب بېرىشكەن بولۇپ ئىنساننىڭ تەبئىي خاراكتېرىنى كۆرسىتىدۇ .

4. س : رەببىڭ كىم ؟

ج: ئاللاھ

5. س : سېنى كىم ياراتقان(بارلىققا كەلتۈرگەن)؟

ج: ئاللاھ

6. س : سىز كىمنىڭ قۇلى ؟

ج: ئاللاھنىڭ قۇلى .

7. س: ئاللاھ قانچە ؟

ج: ئاللاھ بىر ۋە يېگانە

8. س: ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى قەيەردىن بىلىسىز ؟

ج: سۈرە ئىخلاسنىڭ تۆنجى ئىككى ئايىتىدىن

9. س: ئۇ ئايەتلەر قايسىلار ؟

ج: ئېيتقىنكى ئۇ ئاللاھ بىردۇر، ھەممىمىز ئاللاھقا مۇھتاجدۇرمىز(سۈرە ئىخلاس)

10.س: ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ئەقلى پاكىتىڭ نېمە ؟

ج: بۇ ئالەمنىڭ بارلىقى ۋە

كائىنـــــاتتىكى ئەقىلنـــــى لال قىلغـــــۇدەك قانۇنىيەتلەر

11.س: ئاللاھنىــــڭ قانــــداقلىقى ھەققــــدە مەلۇماتىڭىز بارمۇ ؟

ج: ئىنســـــانىڭ ئەقلـــــى ئاللاھنىــــڭ قانــــداق ئىكەنلىكىنـــى بىلىــــپ يېــــتىش ۋە تونۇشـــــقا ئـــــاجىزلىق قىلىـــــدۇ. شـــۇنداقتىمۇ ئـــاللاھ ئـــۆزى تونۇشـــتۇرغا ئالاھىدىلىكلەرنى بىلىمىز.

12.س: دىنىڭىزنىڭ ئىسمى نىمە ؟

ج: ئىسلام

13.س: كىتاۋىڭىزنىڭچۇ ؟

ج: قۇرئان

14.قبلىڭىز قايسى؟

ج: كەبە

15.سىز كىمنىڭ نەسلىدىن

ج: ئـــــــادەم ئەلەيھىســــــــــالامنىڭ نەســــلىدىن(مەنمـــۇ ھەمـــمە ئىنســـان بىلەن ئوخشاش)

16.س: كىمنىڭ ئۈممىتى سىز ؟

ج : ھەزرىتـــــــــــــى مـــــــــــۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ

17.س: مىللىتىڭىزنىڭ ئىسمى نىمە ؟

ج: مىللىتىمنىڭ ئىسمى ئۇيغۇر

18.س: پەيغەمبىرىمىزنــــىڭ قـــانچە ئىســـــمى بار ئىدى ؟

ج : تـــــۆت ئىســـــمى بــــار ئىـــــدى.

مـــــۇھەممەد، مۇســــــتاپا، ئەھـــــمەد،

مەخمۇت

19.س: پەيغەمبىرىمىزنىـــــــڭ دادىســـــــــىنىڭ

ئىسمى نىمە ؟

ج : ئابدۇللاھ

20.س: ئانىسىنىڭچۇ ؟

ج: ئامىنە

21.س: سۈت ئانىسىنىڭچۇ ؟

ج: ھەلىمە

22.س: سۈت قېرىندىشى كىم ؟

ج: شەيما

23.س: چوڭ دادىسىنىڭچۇ؟

ج: ئابدۇلمۇتەللىپ

24.س: پەيغەمبىرىمــــــــــــز مـــــــــۇھەممەد

ئەلەيهسسسالامغا نەچچە يېشدا

پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى

تاپشۇرۇلغان؟

ج: 40 ياشقا كىرگىنىدە رەسمي

رەۋىشتە پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى

بېرىلگەن

25.س: مۇھەممەد ئەلەيهسسالام قانچە

يىل پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىدە

بولدى ؟

ج: 23 يىل

26.س: قانچە يېشدا ئالەمدىن ئۆتتى ؟

ج: 63 يېشدا ئالەمدىن ئۆتتى

27.س: پەيغەمبەر ئەلەيهسسالامنىڭ

قانچە قىزى بار ئىدى؟. ئۇلار

قايسلار ؟

ج: تـــۆت قـــزى بولغـــان بولـــۇپ، ئىســـــملىرى تۆۋەنـــدىكىچە : زەيـــنەپ، رۇقىيە، ئۇممى گۈلسۇم، پاتىمە

28.س: پەيغەمبىرىمىزنىـــڭ نەچـــچە ئوغـــول پەرزەنتى بولغان ؟

ج : ئـــۈچ ئـــوغلى دۇنياغـــا كەلـــگەن بولـــۇپ ئىســـــملىرى تۆۋەنـــدىكىچە : قاسىم، ئابدۇللا ۋە ئىبراھىم.

29.س: پەيغەمـــــبەر ئەلەيھىســـــــالامنىڭ نەچچە نەۋرىسى بار ئىدى ؟

ج: ئىككـــى نەۋرىســـى بولغـــان بولـــۇپ ئىسىملىرى : ھەسەن ۋە ھۈسەين

30.س: پەيغەمبەر دېگەن نېمە ؟

ج: ئاللاھۇ تەئالا تەرىپىدىن ئىنسانلارنى ۋەھيى ئارقىلىق يېتەكلەشكە تەيىنلەنگەن ئالاھىدە ئەلچى

31.س: خالىغان كىشى تىرىشىپ پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىگە ئېرىشەلەمدۇ؟

ج: ئاللاھ ئۆزى خالىغان ۋە لايىق كۆرگەن بەندىسىنى ۋەھيي ئارقىلىق پەيغەمبەر – ئەلچىلىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلەيدىغان بولۇپ، ھېچكىمنىڭ ئۆز تىرىشچانلىقى بىلەن پەيغەمبەر بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرى ۋە ئەلچىسى

مـــــۇھەمەد ئەلەيھسســـــالام ئـــــدى.

قۇرئـــــان كەرىمـــــدە ئىيتىلىشـــــچە

ئۇنىڭـــــدىن كېـــــيىن پەيغەمـــــبەر

كەلمەيدۇ.

32.س: ئـــاللاھ تـــارىختىن بۇيـــان نەچـــچە

پەيغەمـــــبەر، ئەلچـــــى تەيـــــىنلەپ

ئەۋەتكەن ؟

ج: 224 مىڭ ئەلچى ئەۋەتكەن

33.س: قۇرئـــــان كەرىمـــــدە نەچـــــچە

پەيغەمبەر تىلغا ئېلىنغان؟

ج: 28 پەيغەمبەر

34.س: پەيغەمبىرىمـــــــز مـــــــۇھەمەد

ئەلەيھسســـــالام قاچـــــان دۇنياغـــــا

كەلگەن؟

ج: مىلادىــــيە 571- يىلــــى 4- ئاينىـــڭ
20- كــۈنى دۈشــەنبە كــۈنى تۇغۇلغــان.
مىلادىــــيە 632- يىلــــى رەبىــــۇلئەۋۋەل
ئېيىنىڭ 12- كۈنى ۋاپات بولغان

35.س: پەيغەمبىرىمىـــــز قاچـــان مەككىـــدىن
مەدىـــنىگە كۆچـــۈپ بارغـــان(ھىجـــرەت
قىلغان)؟

ج: مىلادىــــيە 622.يىلــــى كۆچـــۈپ
بارغـــان بولـــۇپ كېيـــنچە بـــۇ تـــارىخ
ھەزرىتـــى ئـــۆمەر تەرىپـــدىن ھىجـــرىيە
كالىنـــــدارىنىڭ باشـــــلانغۇچى دەپ
بېكىتىلگەن

36.پەرىشتە دېگەن نىمە؟

ج: نـــــۇردىن يارىتىلغان،ئىنســـــانلار

كۆرەلمەيـــــدىغان ۋە گۇنـــــاھ ســـــادىر قىلىـــــش خۇسۇســـــيىتى بولمىغـــــان مەۋجۇداتلار

37.س: تـــۆت چـــوڭ كىتـــاب قايســـلار؟ قايســـــى پەيغەمـــــبەرلەرگە نازىـــــل بولغان؟

ج: تەۋرات،زەبۇر،ئىنجىـــــل ۋە قۇرئـــــان. تەۋرات-مۇســـــا پەيغەمبەرگە،زەبـــــۇر-داۋۇت پەيغەمبەرگە،

ئىنجىـــــل-ئەيســـــا پەيغەمبەرگە،قۇرئـــــان-مۇھەممەد پەيغەمبەرگە بېرىلگەن

38.س: ســـۇھۇف نـــمە دـــگەن بولـــدۇ؟ ســـانى قـــانچە؟ ۋە قايســـى ئەلچـــلەرگە بېرىلگەن؟

ج: ئۇلـــــــۇغ ئـــــــاللاھ جەبرائـــــــــل

ئەلەيھسســــــالام ئــــارقىلىق چــــوڭ تـــۆت

كىتـــــــاپتىن باشـــــــقا يەنە نۇرغـــــــۇن

ۋاراقچـــــلار ئەۋەتــــــكەن بولـــــۇپ ، بــــۇ

ۋاراقچـــــلار ســـــــۇھۇف دەپ ئاتىلـــــــدۇ.

جەمئـــــى ســـــانى يۈز،ئـــۇلار تۆۋەنـــدىكىچە:

ئـــــــــــــادەم ئەلەيھسســـــــــــــالامغا

10ســـــــۇھۇف،شـــــس ئەلەيھسســـــــالامغا

50 ســـــــــــــــــــۇھۇف، ئــــــــــــــدرىس

ئەلەيھسســــــــــالامغا 30 ســـــــــــۇھۇف ۋە

ئىبـــــــــــــراھىم ئەلەيھسســــــــــــالامغا

10سۇھۇف بېرىلگەن

39.س:مەزھەپ دىگەن نىمە؟

ج: مۇجتەھـــــت ئــــــالىملار قۇرئـــــــان ۋە

ھەدىسنىڭ ئۆلچىمى بويىچە شەرھلىگەن ھۆكۈملەرنىڭ سىستېمىلاشتۇرۇلغان يولى، مېتودى.

40.س: مۆئمىن بولۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتلىرى قايسىلار؟

ج: 6 تۈرلۈك بولۇپ ئۇلار تۆۋەندىكىچە: ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىگە ئىشىنىش، پەرىشتىلەرنىڭ مەۋجۇتلىقىغا ئىشىنىش، بارلىق كىتابلىرىغا ئىشىنىش، ئەلچى-پەيغەمبەرلىرىگە ئىشىنىش، ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىش ۋە ئۆلگەندىن كېيىن ھېساپ ئۈچۈن تىرىلىشكە ئىشىنىش

41.س: ئىسـلامنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى نەچچە؟

ج: بەش بولۇپ ئۇلار تۆۋەندىكىچە: كەلىمە – شاھادەت ئېيتىش ،ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇتۇش ۋە ئىمكانى يار بەرسە ئۆمرىدە بىر قېتىم ھەج قىلىش.